سەلتەنەتلىك 70 يىل كۆرەشچان يېڭى دەۋر
يېڭى جۇڭگونىڭ قاينام - تاشقىنلىق يىللىرى

دۇنيا ئەھلىنى ھەيران قالدۇرغان ئارخېئولوگىيەلىك بايقاش

شىنخۇا ئاگېنتلىقى، بېيجىڭ، 10 - ئاينىڭ 6 - كۈنى تېلېگراممىسى 1974 - يىلى 3 - ئايدا، شەنشى ئۆلكىسى لىنتۇڭ ناھىيەسىنىڭ شىياڭ كەنتىدىكى دېھقانلار قۇرغاقچىلىققا قارشى تۇرۇپ قۇدۇق قېزىۋاتقاندا، ساپال پارچىلىرى ۋە ساپالدىن ياسالغان ئادەم پۇت - قوللىرى ھەمدە ئاتالارنىڭ تېنىنى توختىماي قېزىپ چىقتى. كېيىن ئارخېئولوگلار قېزىش ئارقىلىق، يەر ئاستىدا 2200 يىلدىن ئارتۇق كۆمۈلۈپ ياتقان چىن سۇلالىسى ھەيكەللىرى خەزىنىسىنى ئاچتى.

چىن شىخۇاڭ قەبرىسىدىكى لەشكەر - ئات ھەيكىلى ئازگاللىرىغا ئۇلارنىڭ بايقىلىش تەرتىپى بويىچە 1 - نومۇرلۇق ئازگال، 2 - نومۇرلۇق ئازگال ۋە 3 - نومۇرلۇق ئازگال دەپ نام بېرىلدى. ئۈچ ھەيكەل ئازگىلىدىن راست ئادەم، راست ئاتقا ئوخشايدىغان جەمئىي 8000دىن ئارتۇق ساپال ھەيكەل، ساپال ئات، 100دىن ئارتۇق ياغاچ جەڭ ھارۋىسى، نەچچە ئونمىڭ بىرونزا قورال - ياراغ قېزىپ چىقىلدى. ھەيۋەتلىك لەشكىرىي سەپ يەر ئاستىدا تەرتىپلىك تىزىلغان، ھارۋىلىق ئەسكەرلەر، پىيادە ئەسكەرلەر، ئاتلىق ئەسكەرلەر ئارىلاش گۇرۇپپىلانغان بولۇپ، چىن شىخۇاڭنىڭ جاھاننى تىترەتكەن، ئالتە بەگلىكنى بىرلىككە كەلتۈرگەن ھەيۋەتلىك لەشكىرىي سېپى ئوبرازلىق قايتا ئەكس ئەتتۈرۈلگەن. ئۇلار رېئالىزملىق ئۇسۇلدا ئىپادىلەنگەن پېرسوناژلارنىڭ غايەت زور سەنئەت تۈپى، شەكلى جانلىق، تەسۋىرى ئەينەن بولۇپ، جۇڭگونىڭ قەدىمكى زامان ھەيكەلتىراشلىق تارىخىدىكى چىن سۇلالىسى دەۋرى ھەيكەلتىراشلىق تارىخىنىڭ بوشلۇقىنى تولدۇرۇپ، چىن سۇلالىسى دەۋرىدىكى تارىخ، ھەربىي تۈزۈم ۋە مەدەنىيەت - سەنئەتنى تەتقىق قىلىشنى ناھايىتى تېپىلغۇسىز ئەمەلىي ماتېرىيال بىلەن تەمىنلىدى. بۇ، 20 - ئەسىردىكى ئەڭ ھەيۋەتلىك ئارخېئولوگىيەلىك بايقاش بولۇپ، «دۇنيادىكى 8 - چوڭ مۆجىزە» دەپ تەرىپلەندى. بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتىنىڭ مائارىپ - پەن - مەدەنىيەت تەشكىلاتى ئۇنى «دۇنيا مەدەنىيەت مىراسلىرى تىزىملىكى»گە كىرگۈزدى.

چىن شىخۇاڭ قەبرىسىدىكى لەشكەر - ئات ھەيكەللىرىنى قېزىشنىڭ ئالدى - كەينىدە، دۆلىتىمىزدە يەنە بىرقانچە ئارخېئولوگىيەلىك مۇھىم، زور بايقاش بولدى.

1972 - يىلدىن 1974 - يىلغىچە، ماۋاڭدۇيى 1 - نومۇر، 2 - نومۇر، 3 - نومۇرلۇق خەن سۇلالىسى قەبرىسى ئىلگىرى - كېيىن بولۇپ چاڭشا شەھرىنىڭ شەرقىي شەھەر ئەتراپىدىكى لىيۇياڭخې دەرياسى بويىدىكى ماۋاڭدۇيدە قېزىپ چىقىلدى. 1 - نومۇرلۇق خەن سۇلالىسى قەبرىسىدىن قېزىۋېلىنغان ئايال جەسەتنىڭ ۋاقتى 2100 يىلدىن ئاشقان بولۇپ، پۈتۈن تېنى پارقىراق، بەدىنىنىڭ ھەر قايسى ئەزالىرى ۋە ئىچكى ئەزالىرىنىڭ سىرتقى كۆرۈنۈشى خېلىلا مۇكەممەل. بۇ، دۇنيادا بايقالغان ساقلىنىش ۋاقتى ئەڭ ئۇزاق بولغان نەم جەسەت بولۇپ، چىرىشنىڭ ئالدىنى ئېلىش ئىلمىدىكى مۆجىزە ھېسابلىنىدۇ.

1975 - يىلىنىڭ ئاخىرىدىن 1976 - يىلى ئەتىيازغىچە باشلانغان شۈيخۇدىنى قېزىش خىزمىتىدە، 2000 يىلدىن ئارتۇق ئىلگىرى ئۇيقۇدا ياتقان چىن سۇلالىسى دەۋرىدىكى بامبۇك پۈتۈكلەر دۇنياغا كۆز ئاچتى. دۆلىتىمىز تۇنجى قېتىم كۆپلەپ بايقىغان چىن سۇلالىسى دەۋرىدىكى بامبۇك پۈتۈك بولۇش سۈپىتى بىلەن، ئۇلارنىڭ يېرىمىدىن كۆپرەككە چىن سۇلالىسى دەۋرىدىكى قانۇنلار خاتىرىلەنگەن بولۇپ، دۆلىتىمىزدە ھازىرغىچە بايقالغان ئەڭ دەسلەپكى، ئەڭ مۇكەممەل قانۇنلار توپلىمى ھېسابلىنىدۇ.

ئارخېئولوگىيە خىزمىتىدىكى مۇھىم، زور بايقاش تارىخ تەتقىقاتىدىلا ئەمەس، بەلكى ئېسىل ئەنئەنىۋى مەدەنىيەتنى ئەۋج ئالدۇرۇش، كىشىلەرنىڭ ۋەتەننى سۆيۈش قىزغىنلىقىنى قوزغاشتىمۇ تەڭداشسىز غايەت زور رول ئوينىدى.

1976 - يىلى: 10 - ئايدىكى غەلىبە

1976 - يىلى، دۆلىتىمىزدە دۇنيانى زىلزىلىگە كەلتۈرگەن بىر قاتار چوڭ ئىشلار يۈز بەردى. 1 - ئاينىڭ 8 - كۈنى، جوۋ ئېنلەي زۇڭلى ۋاپات بولدى. 4 - ئايدا، خەلق ئاممىسىنىڭ جوۋ ئېنلەيگە تەزىيە بىلدۈرۈش، «تۆت كىشىلىك گۇرۇھ»قا قارشى تۇرۇش تيەنئەنمېن ۋەقەسى يۈز بەرگەندىن كېيىن، دېڭ شياۋپىڭ خاتا ھالدا پارتىيە ئىچى - سىرتىدىكى بارلىق ۋەزىپىسىدىن قالدۇرۇلدى. 7 - ئاينىڭ 6 - كۈنى، مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ كومىتېت باشلىقى جۇ دې ۋاپات بولدى. 7 - ئاينىڭ 28 - كۈنى، خېبېي تاڭشەن ئەتراپىدا قاتتىق يەر تەۋرەپ، خەلقنىڭ ھاياتى، مال - مۈلكى غايەت زور زىيانغا ئۇچرىدى. 9 - ئاينىڭ 9 - كۈنى، پارتىيە، دۆلەت، ئارمىيەنىڭ ئاساسلىق قۇرغۇچىسى ۋە رەھبىرى ماۋ زېدۇڭ ۋاپات بولدى، پۈتۈن مەملىكەت بويىچە يۇقىرى - تۆۋەندىكىلەرنىڭ ھەممىسى غايەت زور ئازاب ئىچىدە قالدى.

ماۋ زېدۇڭ ۋاپات بولۇشنىڭ ئالدى - كەينىدە، «تۆت كىشىلىك گۇرۇھ» پارتىيە ۋە دۆلەتنىڭ ئەڭ ئالىي رەھبەرلىك ھوقۇقىنى تارتىۋېلىش سۇيىقەستلىك ھەرىكىتىنى تېزلەتتى. شۇ ۋاقىتتىكى جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسى مەركىزىي كومىتېتىنىڭ 1 - مۇئاۋىن رەئىسى، گوۋۇيۈەننىڭ زۇڭلىسى خۇا گوفېڭ يې جيەنيىڭ، لى شيەننيەن، ۋاڭ دۇڭشىڭ قاتارلىق مەركەزدىكى رەھبىرىي يولداشلار بىلەن بىرلىكتە تەتقىق قىلىپ ۋە قايتا - قايتا مەسلىھەتلىشىپ، شۇنداقلا جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسى مەركىزىي كومىتېتى سىياسىي بيۇروسىدىكى كۆپ ساندىكى يولداشنىڭ ماقۇللۇقىنى ئېلىپ، پارتىيە ۋە خەلقنىڭ ئىرادىسىنى ئىجرا قىلىپ، «تۆت كىشىلىك گۇرۇھ»قا قارىتا كەسكىن تەدبىر قوللىنىشنى قارار قىلدى.

10 - ئاينىڭ 6 - كۈنى كەچتە، خۇا گوفېڭ، يې جيەنيىڭ قاتارلىقلار جۇڭنەنخەيدە تۇرۇپ قوماندانلىق قىلىپ، مەركىزىي كومىتېت سىياسىي بيۇروسى دائىمىي كومىتېتى يىغىنى ئېچىش شەكلىدە، ۋاڭ خۇڭۋېن، جاڭ چۈنچياۋنى ئايرىپ تەكشۈردىغانلىقىنى جاكارلىدى، شۇنىڭ بىلەن بىللە، جياڭ چىڭ، ياۋ ۋېنيۈەننىمۇ ئايرىپ تەكشۈردى. شۇنداق قىلىپ، ئىلگىرى - كېيىن بولۇپ بىر سائەتكە يەتمىگەن ۋاقىت ئىچىدە، بىر تال ئوق چىقارماي، بىر تامچە قان ئاققۇزماي، «تۆت كىشىلىك گۇرۇھ» بىراقلا تارمار قىلىندى. پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى يەنە كۈچلۈك تەدبىر قوللىنىپ «تۆت كىشىلىك گۇرۇھ» گۇرۇھىنىڭ شاڭخەيدىكى تايانچ ئۇنسۇرلىرىنىڭ قوراللىق توپىلاڭ كۆتۈرۈش سۇيىقەستىنى تارمار قىلدى، «تۆت كىشىلىك گۇرۇھ»نىڭ باشقا ھەرقايسى جايلاردىكى گۇرۇھ - مەزھەپلىرىنىڭ تايانچلىرىغىمۇ كەسكىن تەدبىر قوللىنىپ، پۈتۈن مەملىكەت سىياسىي ۋەزىيىتىنىڭ مۇقىملىقىغا كاپالەتلىك قىلدى.

10 - ئاينىڭ 18 - كۈنى، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسى مەركىزىي كومىتېتى پۈتۈن پارتىيەگە «تۆت كىشىلىك گۇرۇھ»نىڭ تارمار قىلىنغانلىق خەۋىرىنى رەسمىي ئېلان قىلدى. پۈتۈن مەملىكەتتىكى يۈزمىليونلىغان ئاممىا چىن كۆڭلىدىن ھىمايە قىلدى.

«تۆت كىشىلىك گۇرۇھ»نىڭ تارمار قىلىنىشى «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى»دىن ئىبارەت بۇ مەيدان ئاپەتنى ئاخىرلاشتۇرۇپ، پارتىيەنى قۇتقۇزۇپ، دۆلەتنى قۇتقۇزۇپ، جۇڭگونىڭ سوتسىيالىزم ئىشلىرىنى قۇتقۇزۇپ، پارتىيە تارىخىدىكى ئۇلۇغ بۇرۇلۇشنى ئىشقا ئاشۇرۇش ئۈچۈن ئالدىنقى شەرت ھازىرلىدى. جۇمھۇرىيەت تارىخىدا يېڭى بىر بەت ئېچىلدى.

(شىنخۇا ئاگېنتلىقى، بېيجىڭ، 10 - ئاينىڭ 7 - كۈنى تېلېگراممىسى)

ئالىي مەكتەپ ئىمتىھانى دەرۋازىسنى قايتا ئېچىش

1977 - يىلى 8 - ئايدا، دېڭ شياۋپىڭ ئىلىم - پەن ۋە مائارىپ خىزمىتى سۆھبەت يىغىنىنى رىياسەتچىلىك قىلىپ ئاچتى. ئون يىل تاقىلىپ قالغان ئالىي مەكتەپ ئىمتىھانى دەرۋازىسىنى قايتا ئېچىشنىڭ مۇقەددىمىسى دەل مۇشۇ قېتىملىق يىغىندا باشلاندى.

سۆھبەت يىغىنىدا، بەزى ئالىي مەكتەپلەرنىڭ ۋەكىللىرى: قوبۇل قىلغىلى بولىدىغان لاياقەتلىك ئىختىساسلىقلار يوق ئەمەس، بەلكى ھازىر يولغا قويۇلۇۋاتقان ئوقۇغۇچى قوبۇل قىلىش تۈزۈمى بىلەن لاياقەتلىك ئىختىساسلىقلارنى قوبۇل قىلغىلى بولمايدۇ، دېدى. بۇ سۆزلەر دېڭ شياۋپىڭنىڭ يۈكسەك دىققىتىنى قوزغىدى، ئۇ ئالىي مەكتەپكە ئوقۇغۇچى قوبۇل قىلىش تۈزۈمىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش بۇ يىلدىن باشلىنىدۇ، دەپ كەسكىن قارار چىقاردى.

دېڭ شياۋپىڭ ئالىي مەكتەپلەرگە يېڭى ئوقۇغۇچى قوبۇل قىلىشقا ئالاقىدار ھۆججەتنىڭ تەكشۈرۈپ بېكىتىشكە يوللانغان نۇسخىسىدا، ئالىي مەكتەپلەرگە ئوقۇغۇچى قوبۇل قىلىشتىكى سىياسىي جەھەتتىن تەكشۈرۈش شەرتىگە قارىتا زور تۈزىتىش كىرگۈزدى. ئۇ ئېنىق قىلىپ مۇنداق كۆرسەتتى: ئوقۇغۇچى قوبۇل قىلىشتا ئاساسلىقى مۇنداق ئىككى شەرتنى تۇتۇش كېرەك، بىرىنچى، شۇ كىشىنىڭ ئىپادىسى ياخشى بولۇش، ئىككىنچى، ئەلالارنى تاللاپ قوبۇل قىلىش.

دېڭ شياۋپىڭنىڭ تۈرتكىسىدە، مائارىپ مىنىستىرلىقى «1977 - يىللىق ئالىي مەكتەپلەرگە ئوقۇغۇچى قوبۇل قىلىش خىزمىتى توغرىسىدىكى پىكىر»نى تۈزدى. شۇ يىلى 10 - ئايدا، بۇ پىكىرنى جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسى مەركىزىي كومىتېتى سىياسىي بيۇروسى مۇزاكىرە قىلدى ۋە ماقۇللىدى ھەم گوۋۇيۈەن تەرىپىدىن تەستىقلاندى. 10 - ئاينىڭ 22 - كۈنى، «خەلق گېزىتى»گە خەۋەر بېرىلىپ، پۈتۈن مەملىكەت خەلقىگە ئالىي مەكتەپلەرگە ئوقۇغۇچى قوبۇل قىلىش ئىمتىھانى تۈزۈمىنىڭ ئەسلىگە كەلگەنلىكى رەسمىي ئېلان قىلىندى.

1977 - يىلى قىشتا، ياش قۇرامى ئوخشاش بولمىغان 5 مىليون 700 مىڭ ياش ئالىي مەكتەپ ئىمتىھانى مەيدانىغا كىردى. بۇ قېتىمقى ئىمتىھان كۆلىمىنىڭ چوڭلۇقى جۇڭگو مائارىپ تارىخىدا ئەڭ يۇقىرى رېكورتنى يارىتىپلا قالماستىن يەنە، دۇنيادىكى ئەڭ دەپ ئاتالدى.

1978 - يىلى ئەتىيازدا، ئالىي مەكتەپ ئىمتىھانى تۈزۈمى ئەسلىگە كەلگەندىن كېيىنكى تۇنجى نۆۋەتلىك 273 مىڭ ئالىي مەكتەپ ئوقۇغۇچىسى ئالىي مەكتەپلەرنىڭ مەكتەپ قورۇسىغا قەدەم قويدى.

ئالىي مەكتەپلەرگە ئوقۇغۇچى قوبۇل قىلىشتا قاتتىق ئىمتىھان ئېلىنىپ، ئادىل رىقابەت ئىشقا ئاشۇرۇلۇپ، ئەلالىرى تاللىنىپ قوبۇل قىلىندى. قوبۇل قىلىش خىزمىتىدە مۇھىمى شۇ كىشىنىڭ ئىپادىسىگە قارالدى، داشۆدە ئوقۇشتا ئائىلە مەسىلىسىنىڭ چەكلىمىسىگە ئۇچرىمايدىغان بولدى. يېڭى تۈزۈم پۈتۈن مەملىكەت خەلقىنىڭ قىزغىن ھىمايىسىگە ئېرىشتى. جۇڭگونىڭ ئالىي مەكتەپ ئىمتىھانى دەرۋازىسىنى يېڭىباشتىن ئېچىشى بىلىمنى ھۆرمەتلەيدىغان، ئىختىساسلىقلارنى ھۆرمەتلەيدىغان بىر دەۋرنىڭ يېتىپ كەلگەنلىكىدىن دېرەك بەردى!

(شىنخۇا ئاگېنتلىقى، بېيجىڭ، 10 - ئاينىڭ 8 - كۈنى تېلېگراممىسى)

ئەمەلىي ئىشلەش ئارقىلىق كەنت ئاھالىلىرىنىڭ نامراتلىقتىن قۇتۇلۇش ھەرىكەتلەندۈرگۈچ كۈچىنى قوزغىتىش

(بېشى 1 - بەتتە)

■ «ئۆلچەمنى ئايدىڭلاشتۇرۇپ»، خىزمەتنى يېڭى پەللىگە كۆتۈرۈش

«كەنت كادىرلىرىدا ھورۇنلۇق، چېچىلاڭغۇلۇق، بوشاڭلىق قىلىش، خىزمەتنى كەينىگە سۈرەشتەك ‹سۆرەلمىلىك قىلىش›، سىياسەتنى چۈشەنمەسلىك، ئۇرۇق - تۇغقان، دوستلىرىغا ئېتىبار بېرىش، پايدا يەتكۈزۈشتەك ‹قالايمىقان ئىش قىلىش› ئەھۋاللىرى بار ئىدى» دېدى ئاپتونوم رايونلۇق دۆلەت مۈلكىنى نازارەت قىلىش - باشقۇرۇش كومىتېتىنىڭ كېرىيە ناھىيەسىنىڭ كۆكيار يېزىسى بوستانتېرەك كەنتىدە تۇرۇشلۇق «ئەلرايىنى بىلىش، ئەلگە نەپ يەتكۈزۈش، ئەلنى مايىل قىلىش» خىزمەت ئەترىتىنىڭ ئەترەت باشلىقى، 1 - شۇجى لى باۋشې ئەمدىلا كەنتكە كەلگەن ۋاقىتتىكى ئەھۋاللارنى ئەگىتمەيلا ئۇدۇل ئېيتىپ.

كەنت پارتىيە ياچېيكىسىنىڭ جەڭگىۋارلىقى ۋە ئۇيۇشۇش كۈچىنى ئۆستۈرۈش ئۈچۈن، كەنتتە تۇرۇشلۇق خىزمەت ئەترىتى كەنت «ئىككى كومىتېت»ى بىلەن بىرلىكتە كەنت كادىرلىرىنىڭ ۋەزىپە - مەسئۇلىيىتىنى قايتىدىن ئايرىدى، «تۆتنى كېڭەيتىش، ئىككىنى ئاشكارىلاش»، يوقلىما قىلىش قاتارلىق 13 تۈرلۈك تۈزۈمنى ئورناتتى، تاكامۇللاشتۇردى ھەم نەمۇنىلىك، باشلامچىلىق رول ئوينىماي، ئاممىدا ئېغىر تەسىر پەيدا قىلىش؛ كەنت قىياپىتىنى باشلامچىلىق بىلەن قوغدىماي، كەنتنىڭ ئۇلتۇراقلىشىش مۇھىتىغا تەسىر يەتكۈزۈش؛ خىزمەتتىكى قولايلىقتىن پايدىلىنىپ، بەلگىلىمىگە خىلاپ ھالدا ياردەم تولۇقلىمىسى تارقىتىش قاتارلىق سەلبىي تىزىملىكنى رەتكە تۇرغۇزۇپ، كەنت كادىرلىرىنىڭ سىياسىي ئىنتىزام، خىزمەتلەرنى قانات يايدۇرۇش، پاك - ئىنتىزامچان بولۇش قاتارلىق تەرەپلەردىكى ئىش قىلالماسلىق، ئىش قىلماسلىققا ئائىت 18 ماددىلىق ھەرىكەت قىزىل سىزىقىنى ئىنچىكە بېكىتتى.

«بۇ ئامال ياخشى ئىكەن، كەنت كادىرلىرى قايسى ئىشلارنى قىلىشقا بولىدىغانلىقىنى، قايسى ئىشلارنى قىلىشقا بولمايدىغانلىقىنى ئېنىق بىلىۋالدى» دېدى كەنت كادىرلىرىنىڭ ۋەزىپە ئادا قىلىش سەلبىي تىزىملىكىنى ئالغاندىن كېيىن، بوستانتېرەك كەنتى پارتىيە ياچېيكىسىنىڭ شۇجىسى بۇمەريەم سەيدى.

كەنت «ئىككى كومىتېت»ى «بەش قەدەملىك تەدبىر بەلگىلەش ئۇسۇلى»نى قاتتىق ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، كەنت ئىچىدە پارتىيە ئىشلىرى، كەنت ئىشلىرى ۋە مالىيە ئىشلىرىنى ئاشكارىلاشنى يولغا قويۇپ، يەر ئېلىپ ئىشلىتىش، مۈلۈكنى بىر تەرەپ قىلىش، پايدا تەقسىملەش قاتارلىق ئاممىنىڭ جانجان مەنپەئەتىگە مۇناسىۋەتلىك مۇھىم، زور ئىشلارنى ئاشكارىلاش تاختىسى، يېزا - كەنتتىكى چوڭ كاناي شەكلى ئارقىلىق پۈتۈن جەريان بويىچە ئاشكارىلىدى.

«بىر مەزگىلدىن كېيىن، ئاممىنىڭ چۈشىنىشى كۆپەيدى، ئاغرىنىشى ئازايدى، كەنت كادىرلىرىنىڭ غەم - ئەندىشىسى تۈگەپ، ئىش قىلىش غەيرىتى ئاشتى» دېدى لى باۋشې.

■ «قاراشنى ئۆزگەرتىپ»، كەنت ئاھالىلىرىنىڭ بېيىش يولى ئۈستىدە ئىزدىنىش

«ئائىلىمىزنىڭ ئۈچ مو يېرى بار، ئىلگىرىكى يىللاردا پەقەت كۆممىقوناق، بۇغداي تېرىيتتۇق، كىرىمىمىز كۆپ ئەمەس ئىدى. بۇ يىل كەنتتە تۇرۇشلۇق خىزمەت ئەترىتى بىزنى جاڭدۇ تېرىشقا ھەم ئاق تۇرۇپنى كىرىشتۈرۈپ تېرىشقا يېتەكلىدى، ھەر مو يەردىكى جاڭدۇدىنلا 3000 يۈەندىن ئارتۇق كىرىم قىلدىم، مەن ھازىر خىزمەت ئەترىتىگە بارغانسېرى ئىشىنىدىغان بولدۇم.» كۆزلۈك يىغىم مەزگىلىدە، نامرات ئاھالە خەلچەمخان مەتيۈسۈپنىڭ سۆزىدىن خۇشاللىق ھېسسىياتى چىقىپ تۇراتتى.

بوستانتېرەك كەنتى ئىلگىرى ئەنئەنىۋى تېرىقچىلىقنى ئاساس قىلاتتى، كەنت ئاھالىلىرىنىڭ كىرىمى يۇقىرى ئەمەس ئىدى، كەنتتە تۇرۇشلۇق خىزمەت ئەترىتى شارائىتقا قاراپ ئىش كۆرۈپ كەنت ئاھالىلىرىنى خاس تېرىقچىلىقنى راۋاجلاندۇرۇشقا يېتەكلەپ، تېرىقچىلىق قۇرۇلمىسىنى تەڭشەش ئارقىلىق كەنت ئاھالىلىرىنىڭ كىرىمىنى ئاشۇرۇشقا كۈچ قوشتى.

پارنىكتا تېرىقچىلىق قىلىدىغان ئائىلىلەرنىڭ تېرىقچىلىق تېخنىكا سەۋىيەسىنى ئۆستۈرۈش ئۈچۈن، كەنتتە تۇرۇشلۇق خىزمەت ئەترىتى يېزا ئىگىلىك تېخنىكا مۇتەخەسسىسلىرىنى تېرىقچىلىق ئائىلىلىرىگە قولمۇقول تېرىقچىلىق تېخنىكىسى ۋە ئۇسۇلىنى ئۆگىتىشكە قەرەللىك تەكلىپ قىلدى، تېرىقچىلىق ئائىلىلىرىنىڭ كىرىمى زور دەرىجىدە ئاشتى. بۇ يىلنىڭ ئالدىنقى يېرىمىدا، كەنتتىكى 62 پارنىكتىن جەمئىي 900 مىڭ يۈەندىن ئارتۇق كىرىم قىلىندى.

كەنت ئاھالىلىرىنىڭ يەرنى ياخشى تېرىشقا ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىش ئالدىنقى شەرتى بىلەن، كەنتتە تۇرۇشلۇق خىزمەت ئەترىتى يېزا ئارتۇق ئەمگەك كۈچلىرىنى يۆتكەشنى كەنت ئاھالىلىرىنىڭ كىرىمىنى ئاشۇرۇشتىكى بۆسۈش ئېغىزى قىلىپ، يېتەكلەش مۇلازىمىتى ۋە كەسپ جەھەتتە تەربىيەلەش ئارقىلىق، كەنت ئاھالىلىرىنى ئۆيلىرىدىن چىقىپ، سىرتقا چىقىپ ئىشلەش ئارقىلىق كىرىمىنى ئاشۇرۇپ بېيىشقا ئىلھاملاندۇردى.

كەنت ئاھالىلىرىنىڭ شەخسىي ئىقتىدارى ۋە ساپاسىغا قاراپ، كەنتتە تۇرۇشلۇق خىزمەت ئەترىتى ئوخشاش بولمىغان تەربىيەلەش ئوبيېكتلىرىنىڭ ئوخشاش بولمىغان ئېھتىياجىغا ئاساسەن، تۈرگە ئايرىپ، قاتلامغا ئايرىپ تەربىيەلەپ، تازىلىق قىلىش، ئامانلىق ساقلاش، تىككۈچىلىك قاتارلىق تېخنىكا ماھارىتى بويىچە 21 مەيدان قېتىم تەربىيەلەشنى قانات يايدۇردى. شۇنىڭ بىلەن بىللە، ئەۋەتكۈچى ئورۇننىڭ قوللىشى بىلەن، كەنتتە تازىلىق نازارەتچىسى، ئامانلىق ساقلىغۇچى قاتارلىق ئاممىۋى مەنپەئەت ئىش ئورنىدىن 13نى تەسىس قىلىپ، سىرتقا چىقىپ ئىشقا ئورۇنلىشالمايدىغان نامرات كەنت ئاھالىلىرىنىڭ ئىشقا ئورۇنلىشىشىغا ياردەم بەردى. ھازىر بۇ كەنتتىكى 310 كەنت ئاھالىسى مۇقىم ئىشقا ئورۇنلاشتى، كىشى بېشى ئايلىق كىرىمى 1800 يۈەندىن يۇقىرى بولدى.

■ «ئەمەلىي ئىش قىلىپ»، كادىر - ئاممىا مۇناسىۋىتىنى تېخىمۇ قويۇقلاشتۇرۇش

يېرىم يىلدىن كۆپرەك ۋاقىت بولدى، كەنتكە قايتىسلا، كەنت ئاھالىسى روزىخان ئابدۇقادىر كەنتتە تۇرۇشلۇق خىزمەت ئەترىتى ئىش بېجىرىدىغان جايغا بېرىپ، كۆپچىلىك بىلەن پاراڭلىشىپ، ئۆزىنىڭ يېقىنقى ئەھۋالىنى دەپ بېرىدۇ. «كەنتتە تۇرۇشلۇق خىزمەت ئەترىتىنىڭ خالىس ياردىمى مېنى 2 - قېتىم ھاياتلىققا ئېرىشتۈردى» دېدى روزىخان.

روزىخان بۇ يىل 30 ياشقا كىرگەن بولۇپ، كەنتتىكى نامرات ئاھالە ئىدى. بۇ يىلنىڭ بېشىدا، ساقسىز بولۇپ قالغان ئۇنىڭغا يۈرەك كىلاپانى تولۇق ئېتىلمەسلىك كېسىلىگە گىرىپتار بولغان دەپ دىياگنوز قويۇلغان بولۇپ، كېسەللىك ئەھۋالى ئىنتايىن ئېغىر ئىدى. قىممەت داۋالىنىش خىراجىتى ۋە غايەت زور پسىخىك بېسىمدىن ئۇ نېمە قىلارىنى بىلەلمەي قالدى. بۇ ئەھۋالدىن خەۋەر تاپقاندىن كېيىن، كەنتتە تۇرۇشلۇق خىزمەت ئەترىتى كۆپ تەرەپتىن 80 مىڭ يۈەن مەبلەغ غەملەپ، شىنجاڭ تېببىي داشۆسى قارىمىقىدىكى 1 - دوختۇرخانا بىلەن ئالاقىلىشىپ، ئۇنى ئوپېراتسىيە قىلدۇردى. روزىخان دوختۇرخانىدىن ئوڭۇشلۇق چىققاندىن كېيىن، بىر مەزگىل كۈتۈندى، بۈگۈنكى كۈندە ناھىيە بازىرىدا مۇقىم ئىشقا ئورۇنلاشتى.

يېقىنقى يىللاردىن بۇيان، كەنتتە تۇرۇشلۇق خىزمەت ئەترىتى ئاممىنىڭ ئېھتىياجىدىن باشلاپ قول سېلىپ، مۇلازىمەت شەكلىدە يېڭىلىق يارىتىپ، مۇلازىمەت بايلىقىنى بىرىكتۈرۈپ، 2 مىليون 200 مىڭ يۈەندىن ئارتۇق مەبلەغ سېلىپ ئاممىۋى خىزمەت پونكىتى قۇرۇپ، مەركەزلىك ھالدا ئاممىنى سىياسەتتىن مەسلىھەت بېرىش، ھەق تەلەپ ئىشلىرىنى بېجىرىش، ئەرزىيەتنى قوبۇل قىلىش، ماجىرانى مۇرەسسە قىلىش قاتارلىق مۇلازىمەت بىلەن تەمىنلىدى. ئاممىۋى خىزمەت پونكىتى قۇرۇلۇپ ھازىرغىچە، ئاممىا ئۈچۈن جەمئىي 1900 قېتىمدىن ئارتۇق مۇلازىمەت قىلىپ، تۈرلۈك قىيىنچىلىق، تەلەپلەردىن 900دىن ئارتۇقنى ھەل قىلدى.

كەنتتە تۇرۇشلۇق خىزمەت ئەترىتىنىڭ «كۆڭۈل ئىزدىشى» ئاممىنىڭ «قەلبىنى ئىللىتتى». «خىزمەتنى ياخشى ئىشلەپلا قالماي، يەنە كەنت ئاھالىلىرىنىڭ قەلبىنى مۇجەسسەملەپ، كەنت ئاھالىلىرىنىڭ كىرىمىنى ئاشۇرۇپ بېيىش ئىقتىدارىنى ئۆستۈرۈشىمىز كېرەك.» لى باۋشې مۇنداق دېدى: «كەنت ئاھالىلىرىنىڭ ھاللىق سەۋىيەگە ئاتلىنىش غەيرىتىنىڭ كۈندىن - كۈنگە ئېشىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ، بىزنىڭ خىزمەتلەرنى تېخىمۇ ياخشى ئىشلەشكە ئىشەنچىمىز تولۇپ تاشتى».

(بېشى 1 - بەتتە)

يىغىنغا قاتناشقان 11 ۋەكىل باش تېمىنى چۆرىدەپ، ئەمەلىيەتكە بىرلەشتۈرۈپ، يۆلەش سالمىقىنى ئاشۇرۇش، مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىنىڭ «يادىكارلىقلار ئارقىلىق تارىخنى ئىسپاتلاش» رولىنى جارى قىلدۇرۇش، مەدەنىيەت - ساياھەتنىڭ يۇغۇرۇلۇشىنى ئىلگىرى سۈرۈش، پۈتۈن تاراتقۇ شەكلىدىن پايدىلىنىپ تەشۋىقاتنى كۈچەيتىش، مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىنى قوغداش ۋە تەتقىق قىلىشنى كۈچەيتىش قاتارلىق جەھەتلەردە چارە - تەدبىر كۆرسەتتى. كۆپچىلىك: يېقىنقى يىللاردىن بۇيان، ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم ۋە ھۆكۈمەت مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىنى قوغداش ۋە ئۇنىڭدىن پايدىلىنىش خىزمىتىگە يۈكسەك ئەھمىيەت بېرىپ، شىنجاڭنىڭ مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىنى تەتقىق قىلىش، قوغداش ھەم ئۇنىڭدىن پايدىلىنىش سالمىقىنى يەنىمۇ زورايتىپ، كۆرۈنەرلىك نەتىجە - ئۇتۇقلارنى قولغا كەلتۈردى، دەپ قارىدى. بەزى ئەزالار مۇنداق تەكلىپ بەردى: سىياسىي يۈكسەكلىكنى ئۆستۈرۈپ، مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىنى قوغداش ۋە ئۇنىڭدىن پايدىلىنىش خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەشتىكى مەسئۇلىيەت تۇيغۇسى، تەخىرسىزلىك تۇيغۇسىنى كۈچەيتىش؛ ئومۇمىي جەھەتتىن پىلانلاشنى كۈچەيتىپ، نۇقتا بىلەن دائىرە بىرلەشتۈرۈلگەن، پۈتۈن ئاپتونوم رايوننى قاپلىغان مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىنى قوغداش يىرىك پىلان سىستېمىسىنى شەكىللەندۈرۈش؛ تەتقىقات سالمىقىنى زورايتىپ، قوغداش تەدبىرىنى ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىنىڭ ئەمەلىي ئىسپات، تارىخىي ئىسپاتلىق رولىنى تولۇق جارى قىلدۇرۇش؛ باشقۇرۇش ئىقتىدارىنى ئۆستۈرۈپ، كەسپىي ئىختىساسلىقلار قوشۇنىنى كۈچلۈك قىلىپ قۇرۇش؛ تۈزۈم قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىپ، تەشۋىقات خىزمىتىنى يەنىمۇ كۈچەيتىپ، دۇنيا مەدەنىيەت مىراسلىرىدىن جانلىق پايدىلىنىش.

نۇرلان ئەبلەمەجىن سۆزىدە مۇنداق كۆرسەتتى: شى جىنپىڭنىڭ يېڭى دەۋر جۇڭگوچە سوتسىيالىزم ئىدىيەسىنى چوڭقۇر ئۆگىنىپ، ئىزچىللاشتۇرۇپ، «تۆت ئاڭ»نى كۈچەيتىپ، «تۆت ئىشەنچ»نى چىڭىتىپ، «ئىككىنى قوغداش»نى ئىشقا ئاشۇرۇپ، يېڭى دەۋردىكى پارتىيەنىڭ شىنجاڭنى ئىدارە قىلىش تەدبىرى، بولۇپمۇ ئىجتىمائىي مۇقىملىق ۋە ئەبەدىي ئەمىنلىك باش نىشانىنى ئومۇميۈزلۈك ئىزچىللاشتۇرۇپ، ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، شىنجاڭدىكى دۇنيا مەدەنىيەت مىراسلىرىنى قوغداش خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەشنىڭ مۇھىم ئەھمىيىتىنى تولۇق تونۇپ، مەدەنىيەت مىراسلىرى ئورۇنلىرىنى قوغداش ۋە ئۇنىڭدىن پايدىلىنىشنى ھەقىقىي كۈچەيتىپ، جۇڭخۇا مۇنەۋۋەر ئەنئەنىۋى مەدەنىيىتىنى جانلاندۇرۇش، ۋارىسلىق قىلىش، سىرتقا يۈزلەندۈرۈشكە تۈرتكە بولۇپ، مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىنى سۆزلىتىپ، تارىخنى سۆزلىتىپ، شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقىنى يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا توغرا بولغان دۆلەت قارىشى، تارىخ قارىشى، مىللەت قارىشى، مەدەنىيەت قارىشى، دىن قارىشى تۇرغۇزۇشقا، «ئۈچ ئايرىلالماسلىق» ئىدىيەسىنى مۇستەھكەم تۇرغۇزۇپ، «بەشنى قەلبتىن ئېتىراپ قىلىش»نى كۈچەيتىپ، جۇڭخۇا مىللىتى ئورتاق گەۋدىسى ئېڭىنى مۇستەھكەملەشكە يېتەكلەش كېرەك.

نۇرلان ئەبلەمەجىن مۇنۇلارنى كۆرسەتتى: بۇ قېتىمقى يىغىننى ياخشى ئېچىش ئۈچۈن، ئەزالار ۋە ئالاقىدار مۇتەخەسسىس، ئالىملار ئەستايىدىل ئۆگىنىش، چوڭقۇر تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىش ئاساسىدا، شىنجاڭدىكى دۇنيا مەدەنىيەت مىراسلىرى ئورۇنلىرىنىڭ مۇھىم ئورنى ۋە ئالاھىدە ئەھمىيىتىگە بولغان چۈشىنىشى، تونۇشىنى چوڭقۇرلاشتۇرۇپ، قىممەتلىك، ئورۇنلۇق پىكىر - تەكلىپلەرنى ئوتتۇرىغا قويۇپ، پىكىر ئالماشتۇرۇش، تونۇشنى چوڭقۇرلاشتۇرۇش، مەسىلىنى تەتقىق قىلىش، خىزمەتلەرگە تۈرتكە بولۇش مەقسىتىگە يەتتى. يىغىندا شەكىللەنگەن ئورتاق تونۇش ۋە پىكىر - تەكلىپلەرنى دەرھال ئومۇملاشتۇرۇپ، رەتلەپ يۇقىرىغا يوللاپ، كېڭەشنىڭ نەتىجىسىنى تېخىمۇ ياخشى ئەمەلىيلەشتۈرۈش، ئايلاندۇرۇش كېرەك.

ئاپتونوم رايونلۇق سىياسىي كېڭەشنىڭ مۇئاۋىن رەئىسلىرىدىن چېڭ جېنشەن، جۈرئەت ئىمىن، ماغاۋ سېيتقامزا، مۇتەللىپ ئوبۇل، ئىلھام سابىر يىغىنغا قاتناشتى. ئاپتونوم رايونلۇق سىياسىي كېڭەشنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى، قوشۇمچە باش كاتىپى جاڭ بو ئاساسىي تېما سۆزى قىلدى. ئاپتونوم رايونلۇق مەدەنىيەت ۋە ساياھەت نازارىتىنىڭ ئالاقىدار مەسئۇلى ئەھۋال تونۇشتۇردى، ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ ئالاقىدار مەسئۇلى يىغىنغا قاتناشقۇچىلارنىڭ پىكىر - تەكلىپلىرىگە ئىنكاس قايتۇردى.

ئادرېس: ئۈرۈمچى شەھىرى ياڭزىجياڭ كوچىسى 1 - نومۇر. ئېلان باشقارمىسى: 5850783، تارقىتىش مەركىزى: 5859769، تېلېگراف نومۇرى: 5028. پوچتا نومۇرى: 830051. گېزىتنىڭ يىللىق باھاسى: 336 يۈەن، ئايلىق باھاسى: 28 يۈەن، پارچە باھاسى: بىر يۈەن (گېزىتنىڭ تىزىملاش نومۇرى: 102)